# 104812 ـ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمى دوكلات ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ بېرىش توغرىسىدا

### سۇئال

مەن سىلەرنىڭ تور بەتتىن: ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن پۇل ئېلىپ ئىلمى دوكلات تەييارلاپ بېرىشنى هارام دېگەن پەتىۋانى ئوقۇدۇم، لېكىن مېنىڭ سوئالىم: ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلمى دوكلاتنى باشقا كىشىلەرنىڭ يېنىدا تەييار قىلدىرغانلىقىنى، ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇ دوكلاتنى ئىنتېرنېتتىن چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. بەلكى بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا: بۇ دوكلاتنى ئىنتېرنېتتىن ئىلىڭلار دېسە، مۇشۇنداق هالەتتىمۇ بۇ ئىش هارام بولامدۇ؟. چۈنكى مەن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن شۇنداق ئىشلارنى قىلاتتىم، بۇ پەتىۋانى ئوقۇغاندىن كېيىن مەزكۇر ئىشتىن قول يىغدىم؟.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولدا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئوقۇغۇچىلاردىن ئىلمى دوكلات ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى تەلەپ قىلىشتىن بولغان مەقسەت، ئۇلارنى ئىلمى ماقالە يېزىشقا كۆندۈرۈش، ئىلمى قۇۋۋىتىنى سىناش ۋە بىر نەرسە يازغاندا ئىلمى مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى قىلىشى كېرەك بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئوقۇغۇچىغا ئۇ ماقالىنى پۇلغا ياكى بىكارغا بولسۇن تەييار قىلىپ بېرىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە ئەسلى مەنبەلەردىن پايدىلىنالمايدىغان ساپاسىز ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش بارلىققا كىلىدۇ.

ئوقۇغۇچى باشقىلارنىڭ ماقالىسىدىن پايدىلانسا، ئىنتېرنېتتىن ئالسا، بەزى مەسىلىلەردە ساۋاقداشلىرىدىن ياردەم ئالسا توغرا بولىدۇ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشى شۇنداق بولىدۇ، ئەمما ماقالىنىڭ ھەممىسىنى باشقىلاردىن ئېلىش، مەيلى ساۋاقدىشىدىن ئالسۇن ياكى ئىنتېرنېتتىن ئالسۇن بۇ ئوخشاشلا ئالدامچىلىق ۋە كۆز بوياىمچىلىقتۇر، بۇنىڭغا كۆز يۇمغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەن ئوقۇتقۇچىمۇ خاتالىققا ئورتاق بولغان بولىدۇ. 95893 ـ نومۇرلۇق سۇئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

سىز ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمى ماقالە يېزىپ بېرىدىغان بۇ ئىشتىن توختاپ ياخشى قىلىپسىز، ئاللاھ تائالادىن سىزنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىڭىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، قىلغان ئىشلىرىڭىزغا ئەجىر ـ ساۋاپ ئاتا قىلىشىنى، هالالدىن كەڭ ـ تاشا رىزىق بېرىشىنى سورايمىز.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.